# «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» 2 - تومنىڭ
# ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىش سۆھبەت يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى** «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» 2 - تومنىڭ موڭغۇلچە، زاڭزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، چاۋشيەنچىدىن ئىبارەت بەش خىل ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نۇسخىسى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بېيجىڭدا 2 - تومنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىش سۆھبەت يىغىنىنى بىرلىشىپ ئۆتكۈزۈپ، تەرجىمە، نەشر قىلىش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىدى، ئالماشتۇردى، ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» 2 - تومنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كەڭ كادىرلار - ئاممىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تېخىمۇ بىۋاسىتە، تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىشى، ئىزچىللاشتۇرۇشىغا پايدىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەڭ يېڭى روھىنى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ يېنىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈشكە پايدىلىق بولۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار - ئاممىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىدىيەسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەدبىرگە بولغان چۈشىنىشى، قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ مۇھىم ئەسەرنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ياخشى ئۆگىنىپ، «جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ، بىر مەقسەتتە جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش»تىن ئىبارەت بۇ نىشاننى زىچ چۆرىدەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ روشەن ئاساسىي لىنىيەسىنى توغرا ئىگىلەپ، مۇستەھكەملەپ، ھەقىقىي ھالدا چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەترابلىق ئىگىلەپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى يېتەكلەپ «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىدە جاسارەت بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مۇنداق قارىدى: «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» 2 - تومنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى تەشۋىقات - ئىدىيە - مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى بىر چوڭ ئىش، خۇشاللىنارلىق ئىش، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى تەرجىمە نەشرىنىڭ يېڭى ئابىدىسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا سۇنۇلغان بىر كاتتا سوۋغات بولۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى مۇھىم دەرسلىككە ئىگە قىلدى. پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى بىلەن ئىدىيەنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇيۇشتۇرۇپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى تېخىمۇ ياخشى كۈچەيتىپ، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش زور قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ياخشى قوزغاپ، يېڭى دەۋردىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى يۇكسەك بىردەكلىكى، ھەرىكەت جەھەتتىكى يۇكسەك ئاڭلىقلىقى، كۈچ جەھەتتىكى يۇكسەك توپلىنىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ «مەركەزداش چەمبىرەك»نى ياخشى سىزىش كېرەك.

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت تىل - تەرجىمە ساھەسى، نەشرىيات ساھەسى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئوقۇرمەنلەر ۋەكىللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 120دىن ئارتۇق ئادەم سۆھبەت يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يەنە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئوقۇرمەنلەر ۋەكىللىرىگە «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» 2 - تومنىڭ بەش خىل ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى نۇسخىسىدىكى كىتابىنى سوۋغا قىلدى.

# «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»
# باش تېما تەربىيەسى ئۆگىنىش مىساللىرى نەشر قىلىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى** مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى تەشكىللەپ تۈزگەن «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق داۋامىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش مىساللىرى» تۈپلىمى يېقىندا پارتىيە قۇرۇلۇشى ئوقۇشلۇقى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلدى.

بۇ تۈركۈم خىزمەت مىساللىرى جەمئىي يەتتە پارچە، بۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى، پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئېغىر، زور خېيىم - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت يەتتە ساھەدىكى 172 مىسالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ھەيۋەتلىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدىكى غايەت زور يېتەكچىلىك رولىنى جانلىق نامايان قىلغان، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىشتىكى جانلىق دەرسلىك، شۇنداقلا ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم پايدىلانما بولۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ۋە خىزمىتى داۋامىدا ئۆگىنىشى، ئىشلىتىشى ئۈچۈن تەمىنلىنىدۇ.

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك

## — «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يۈرۈشلۈك ئوبزور

تىيانشان مۇلاھىزىسى

□ليۇ چيەنشېڭ

پوزىتسىيە نەتىجە - ئۈنۈمنى بەلگىلەيدۇ، ئۆلچەم نەتىجىنى بەلگىلەيدۇ. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرساقلا، بىز «1+1>2» بولۇشتەك ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز.

باش شۇجى شى جىنپىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە، نۇقتىلىق تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشكە قارىتا ئېنىق تەلەپ قويۇپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئىككى ياقىلىملىق»تىن ھەقىقىي ساقلىنىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى ھەم سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى، ھەم مېتودولوگىيە بولۇپ، بىزنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشىمىزدىكى تۈپ مىزان.

قەلبكە چوققا - جىلغىلارنى يۆككەندەكلا، تاشتىن تاغ - دەريالارنى تاراشلىغىلى بولىدۇ. ئىككى نۇقتا نەزەرىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئىككى قولدا تۇتۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش — پارتىيەمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئۇزاق ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ئوتتۇرىغا قويغان دىيالېكتىك تەپەككۇرغا تولغان خىزمەت فاڭجېنى، ئومۇميۈزلۈك ماس تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى كەم - كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، باشتىن - ئاخىر ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەم باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇشى، ھەم كۈندىلىك خىزمەتنى قالتىس ئىشلەپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان قىزغىنلىقىنى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى ئەمەلىي نەتىجىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشتا دىيالېكتىك تەپەككۇر بولۇش، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك. باش تېما تەربىيەسى بىلەن كۈندىلىك خىزمەتنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. دىيالېكتىك تەپەككۇر باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكرار تەكىتلىگەن مۇھىم تەپەككۇر ئۇسۇلى. ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشتا، بولۇپمۇ دىيالېكتىك تەپەككۇردىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەرنى ياخشى ئىشلىتىپ، «چوڭ ۋە كىچىك ئىشلارنى پەرقلەندۈرۈش، جىددىي ۋە ئادەتتىكى ئىشلارنى ياخشى دەڭسەش، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى تۇتاشتۇرۇش، ئىچى بىلەن سىرتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ يولغا قويۇش» كېرەك، بىز ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچىمىزنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش، رەسمىيەتچىلىك قىلماسلىقنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۈندىلىك خىزمەتلەرنى پۇختا، تەرتىپلىك ۋە رەتلىك تۇتۇشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ «بىرلەشتۈرۈش»تىن ئىبارەت بۇ ئىشنى ياخشى قىلىشتا كاللا ئىشلىتىپ، كۈچ سەرپ قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش، تەتقىقات - مۇھاكىمىنى ئۆز رايونىمىز، ئۆز تارمىقىمىز، ئۆز ئورنىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىدا دۇچ كەلگەن تەخىرسىز مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شەخسنىڭ ئىدىيەۋى ئەمەلىيىتى ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىلمىي بىرتۇتاش پىلانلاپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، ماس راۋاجلاندۇرۇپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قوش مول ھوسۇل ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشتا، «ئىككى ياقىلىملىق»تىن قەتئىي ساقلىنىش، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا «بىر قولدا قاتتىق بولۇش، بىر قولدا يۇمشاق بولۇش» مەسىلىسىدىن ساقلىنىش، «ئىككى ياقىلىملىق»، «ھەركىم ئۆز غېمىنى يېيىش» ھادىسىسىدىن ساقلىنىش كېرەك، ھەم باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى باھانە قىلىپ كۈندىلىك خىزمەتلەرنى كېچىكتۈرۈشكە، ھەم خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىنى باھانە قىلىپ باش تېما تەربىيەسىگە قولنىڭ ئۇچىدا ئەپلەپ - سەپلەپ تاقابىل تۇرۇشقا بولمايدۇ، قاتتىق بولۇشتىن باشلاپ قول سېلىپ، ئەمەلىي بولۇشقا كۈچەپ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسى ئارقىلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسى بىلەن كۈندىلىك خىزمەتلەر بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

قۇرۇق گەپ قىلغاندىن كۆرە ئەمەلىي ئىشلىگەن ياخشى. باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ قانداق بولغانلىقىدا، ئەڭ ئاخىرىدا ئۈنۈمگە قاراش كېرەك. مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، ئۇزاقنى كەلگۈسىنى كۆزلەپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، باش تېما تەربىيەسى بىلەن نۆۋەتتىكى تۈرلۈك مۇھىم، زور ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسى ئۇرغۇتقان خىزمەت قىزغىنلىقى ۋە كۆرەش روھىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولغاندا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولغاندا، ئاندىن ئەمەلىيەت، خەلق ۋە تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەمەلىي نەتىجىلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆزئارا نەپ يەتكۈزىدىغان 100 يىللىق ئۇلۇغۋار پىلان بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت، ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى. بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا جۇڭگو بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 35 يىللىقى بولۇپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. سىز مۇشۇ پەيتتە جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلدىڭىز، بىز «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قوشما باياناتى»نى ئورتاق ئېلان قىلىمىز، بۇ، جۇڭگو - ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى مۇناسىۋىتى تارىخىدىكى يەنە بىر مۇھىم پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت بولىدۇ. مەن سىز بىلەن بىرلىكتە چىڭىش، مۇرەككەپلىك ئىچىدە ئىرادىنى ساقلاپ، ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىدە يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، جۇڭگو - ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجە قازىنىشقا تۈرتكە بولۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو - ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئىككى دۆلەت سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە ئىستراتېگىيەلىك پىكىر ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنى ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھى دەپ بىلىدۇ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپنىڭ رايون ۋە خەلقئارا ئىشلاردا تېخىمۇ چوڭ رول ئوينىشىنى قوللايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپ بىلەن ماسلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرولۇق قىلىنغان خەلقئارا سىستېمىنى قەتئىي قوغداپ، خەلقئارا قانۇن ئاساسىدىكى خەلقئارا تەرتىپنى قەتئىي قوغداپ، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئادىل - ھەققانىيلىقنى قەتئىي قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئۆزئارا تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، 2030 - يىلى ئىككى تەرەپ سودىسىنى 200 مىليارد دوللارغا يەتكۈزۈش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلىفە پورتى 2 - قارارلىق كونتېينېر پىرىستانى ۋە جۇڭگو - ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھەمكارلىقى ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئېنېرگىيە ساھەسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇقىم، ھەر تەرەپلىك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. ئادەمىيەت ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش كېرەك، جۇڭگو تەرەپ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ 200 مەكتەپتە جۇڭگو تىل - يېزىقى دەرسلىكى تەسىس قىلىشىنى قوللايدۇ. تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ شىنجاڭغا چېتىشلىق مەسىلىلەردىكى قىممەتلىك مەيدانىغا رەھمەت ئېيتىدۇ، شۇنداقلا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى قەتئىي قوللايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دېڭىز قولتۇقى رايونىنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرقنىڭ ھەتتا دۇنيانىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، داۋاملىق «خەۋپسىزلىك بوستانلىقى» بولۇشى، ئەكسىچە يېڭى «پاراكەندىچىلىك مەنبەسى» بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپنىڭ ئۆز رايونىنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ، مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ سوغۇققان بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىنى، پاندورا قۇتىسىنى ئاچماسلىقىنى، بەلكى ئۆزئارا ھۆرمەتلەش ئاساسىدا، سۆزلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىپ، توقۇنۇشنى پەسەيتىشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپ ھەم خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، دېڭىز قولتۇقى رايونىنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشقا كۈچ قوشۇشنى خالايدۇ.

مۇھەممەد مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپ جۇڭگونىڭ تەرەققىيات پارلاق ئىستىقبالىنى كۆرۈپ يەتتى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى - جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى دىپلوماتىيەسىدە مۇھىمىنىڭ مۇھىمى قىلىدۇ، ھەمىلى خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپ جۇڭگونىڭ ئەڭ ياخشى ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھى بولىدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپ جۇڭگو تەرەپنى داۋاملىق كۈچلۈك قوللايدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى ئۆزئارا رايون ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇھىم تۆھپە قوشىدۇ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپ بۇنىڭغا پائال قاتنىشىشنى ھەم تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى خالايدۇ، ھەم جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئۈچىنچى تەرەپ بازىرى ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپ جۇڭگوغا قارىتىلغان سېلىنما، ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش ۋە سودا كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى خالايدۇ، پۇل مۇئامىلە، ئاۋىياتسىيە، ئادەمىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكا ساھەسىدە جۇڭگو شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى قوللايدۇ. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپ جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى يۇكسەك تەرىپلەيدۇ، جۇڭگو بىلەن خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، «شەرقىي تۈركىستان»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېررورچىلار، ئەسەبىي كۈچلەرگە ئورتاق زەربە بېرىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە رايون تىنچلىقىنى ئورتاق قوغداشنى خالايدۇ. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپ رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۇلۇغ تەشەببۇسىنى قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ خەلقئارا ئىشلاردا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرق دېڭىز قولتۇقى رايونىدا قوللانغان مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش سىياسىتىنى تەرىپلەيدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشتا تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى قارشى ئالىدۇ.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى كۆپ تۈرلۈك ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇراسىمىغا ئورتاق گۇۋاھ بولدى.

سۆھبەتتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ خەلق سارىيى شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى مەيداندا مۇھەممەد ئۈچۈن قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ياڭ جيېچى، ئەركىن ئىمىرباقى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ، سۇ خۇي قاتارلىقلار قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەر خىل تاشقى مەدەنىيلىكنى قوبۇل قىلغان، سىڭدۈرۈش ھەم توپلاش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى دەل جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ «دۇنيا بۈيۈك بىرلىكى» ئىدىيەسىنى مەنبە قىلغان بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچ چىقىرىدۇ. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكمۇ ئوچۇق، سىڭدۈرۈشچان روھنى تەشەببۇس قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ ماختىشىغا ئېرىشتى، ئىككى دۆلەت مەدەنىيلىك سۆھبىتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگو - ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، ئىناقلىقى ۋە ئورتاق تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

مۇھەممەد مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن مېنىڭ سىز بىلەن بولغان سۆھبىتىم ئىنتايىن مول مەزمۇنلۇق، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولدى. سىزنىڭ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتكە بولغان توغرا، چوڭقۇر پىكىر - قاراشلىرىڭىزدىن مەن كۆپ نەپكە ئېرىشتىم. ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى بىلەن جۇڭگونىڭ ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولدى، بىز ئورتاق گۇۋاھ بولۇپ ئالماشتۇرۇلغان كۆپ تۈرلۈك ئەمەلىي ھەمكارلىق كېلىشىمىنىڭ ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ كۆپ بەخت يارىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەن سىز ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۇلۇغ تەشەببۇسىنى تامامەن قوللايمەن. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى - جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالايدۇ.

ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.